# ھىجابىڭىز نەگە كەتتى؟

[ئۇيغۇرچە]

إلى أين ذهب حجابك؟

[باللغة الأويغورية]


جۇندۇللاھ ئۇيغۇرى

جند الله أويغوري


تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني


رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1428 – 2007



islamhouse.com

# ھىجابىڭىز نەگە كەتتى؟

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

بارچە ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئامانلىق ۋە بەرىكەت تىلەيمىز.

ئى ئىسلامىي قېرىندىشىم! سىزنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ بۇ ماقالىنى ئوقۇغانلىقىڭىزغا رەھمەت. بۇ ماقالەمنى ھىجاپلانمايدىغان، ھىجاپنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنمەيدىغان ۋە ھىجاپلانسىمۇ ئۇنىڭ شەرتلىرىگە رىئايە قىلمايدىغان ھەدە-سىڭىللىرىمغا بېغىشلايمەن.

"گۆھەر- قىممەتلىك، ئۇنى قوغداڭ". سىڭىلچىقىم، سىز گۆھەر، سىز قىممەتلىك، سىز قوغداشقا مۇھتاج. سىزنىڭ ياراتقۇچىڭىز بۇرۇنلا ئۆزىڭىزنى قانداق قوغدىشىڭىز كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەمما سىز ئۇنى كۆزگە ئىلمىدىڭىز، خالىغىنىڭىزنى قىلدىڭىز، خالىغىنىڭىزنى كەيدىڭىز ھەم خالىغان جايلىرىڭىزغا باردىڭىز.... ئەمما ئاقىۋەتتە پۇشايمان قىلىدىغىنى يەنىلا ئۆزىڭىز، ئەمما بۇ چاغدا ئاللىقاچان كېچىككەن بولىسىز.ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "مۆئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا

ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسى شەھۋەتى يوقلار)دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) باللاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۆئمىنلەر! بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھ غا تەۋبە قىلىڭلار" (سۈرە نۇر 31- ئايەت) بۇنىڭدىن باشقا قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ساغلام ھەدىسلەردە، رەببىم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام،پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەپ ئېتىقات قىلىدىغان ھەر قانداق بىر ئايال ئۈچۈن ھىجابنىڭ پەرز قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ئىسپاتلار كۆپتۇر.

يۇقۇرىدىكى ئايەتتىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئايال كىشى نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراشتىن باشقا، يەنە ئۆزىنىڭ بەدىنىنى نامەھرەملەرگە ئاشكارىلىماسلىقى كېرەكلىكى، ئايال كىشى ئۆزىنىڭ كۆكرەكلىرىنى يۆگىشى، ئۆزىنىڭ زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، دادىسىدىن، قېينئاتىسىدىن،... باشقا كىشىلەرگە ئاشكارىلىماسلىقى كېرەك. شۇڭلاشقا ئاللاھ نىڭ بۇ ئەمرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، سىز چوقۇم ھىجاپلىنىشىڭىز زۆرۈر.

ھىجاپ دېگەن نېمە؟

قۇرئان كەرىمدە، "ھىجاپ" ئاتالغۇسى ئۇمۇمى ھالدا مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ تاشقى كىيىملىرىگە ئىشلىتىلگەن. ئۇ يەنە ئاياللارنىڭ ھاياتتىكى پائالىيەت ۋە ھالەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، "ھىجاپ"- باش ۋە كۆكرەكنى يۆگەيدىغان ياغلىق ۋە چۈمبەلگە قارىتىلىدۇ.

"ھىجاپ"- ئەرەپ تىلىدىكى "ھەجەبە" سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، "يوشۇرۇش ياكى كۆرىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش" دېگەن مەنىدە. شۇڭلاشقا، بەدەننى باشقىلارنىڭ كۆرىشىدىن توسۇپ تۇرىدىغان، بەدەننى كۆرسىتىپ قويمايدىغان رەخت ھىجاپ بولالايدۇ.

## ھىجاپلىنىشتىكى مەقسەت نېمە؟

ئىسلامدىكى ھىجاپلىنىشنىڭ مەقسىدى مۇسۇلمان ئاياللارنى جەمئىيەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشتىن توسۇپ قويۇش ياكى ئەر ۋە ئاياللارنى پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىش ياكى ئايال كىشىنىڭ ھاياتتا نورمال پائالىيەت قىلىشىنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويۇش ئەمەس. ئەكسىچە، ھىجاپ ـ ئاياللارنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنى ۋە شەرىپىنى قوغدايدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئازادە ۋە قولايلىق ھالدا بېجىرىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

قەدىرلىك قېرىنداشىم، ھىجاپ پەقەت سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىز ئۈچۈنلا پەرز قىلىنغان. ئۇ سىزنى رەزىل كىشىلەرنىڭ شەھۋانى مەقسەتلىرىدىن قوغداپ قالىدۇ. ئى سىڭلىچىقىم! ھىجاپ سىزنىڭ قەدىر قىممىتىڭىزنى ساقلايدۇ.

شۇڭلاشقا، باشقا بارلىق شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئوخشاش، ھىجاپلىنىشقىمۇ يۈكسەك ئېتىبار قارىتىلىشى زۆرۈر. چۈنكى ئۇ بىھىساپ مەنپەئەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.ھىجاپ- ئەر ۋە ئاياللارنىڭ كەمتەرلىك، قەدىر- قىممەت، شان- شەرىپىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان ئىسلامدىكى كىيىنىش تۈزۈمىدۇر. ھىجاپلىنىشنى ئەمىر قىلىش ـئاللاھتائالا مۇسۇلمان ئاياللارغا بۇيرىغان ئاياللارنىڭ تاقىتى يېتىدىغان ئەمەلدۇر.چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:"بىز ئىنساننى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان (ئىش)قىلا تەكلىپ قىلىمىز، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقنى سۆزلەيدىغان كىتاب (يەنى بەندىلەرنىڭ ياخشى- يامان ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن نامە- ئەمال) بار، ئۇلارغا (ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىش ياكى ئازابىنى ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن) قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ" (سۈرە مۇئمىنۇن 61- ئايەت)

## ھىجاپنىڭ شەرتلىرى نېمە؟

ھىجاپ ياكى ئۆلچەملىك ئىسلامى كىيىنىشنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1ـ ھىجاپـ يۈز ۋە قولدىن باشقا بەدەننىڭ ھەممە يېرىنى يۆگەيدىغان بولۇشى كېرەك. ئەمما كوپلىگەن ئۆلىمالار بۇگۇنكى پىتنە-پاساتچىلىق زاماندا يۈزنىڭمۇ ئورۇلىشىنى ۋاجىپ دەپ قارايدۇ.(بۇلارنىڭ دەلىلى كۆپلۈكتۇر )

2ـ ھىجاپـ كەڭ كۇشادە بولۇش، تار بولماسلىقى كېرەك.

3ـ ھىجاپـ نىپىز ۋە بەدەننى ئاشكارىلاپ قويىدىغان بولماسلىقى كېرەك.

4ـ ھىجاپـ ئەرلەرگە خاس كىيىم بولماسلىقى كېرەك.

5ـئەتىر ۋە خۇشبۇي پۇرىماسلىقى كېرەك.

6ـكاپىر ئاياللارنىڭ كىيىملىرىگە ئوخشىماسلىقى لازىم.

7ـئورنىدىغان تاش كىيىمى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان كىيىم بولماسلىقى لازىم.

8ـھىجابنىڭ ئۆزى زىينەتلەنگەن بولماسلىقى لازىم.

ھىجاپنىڭ يۇقۇرىدا دېيىلگەن بىرىنچى شەرتى سۇرە نۇرنىڭ 31ـ ئايىتىدە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئىككىنچى شەرت بولسا، كەيگەن كىيىملىرىڭىز تار بولۇپ بەدەننىڭ شەكلى بىلىنىپ قالماسلىقى كېرەك دېگەنلىكتۇر. شۇنداقلا كەيگەن كىيىملىرىڭىز يۇپقىلىقىدىن بەدەننى ئاشكارىلاپ قويىدىغان بولماسلىقى كېرەك. ئاخىرىدا ھىجاپ ئەرلەرگە خاس كىيىملەر بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئەرلەرگە ئوخشىتىۋالغان ئاياللارغا ۋە ئاياللارغا ئوخشىتىۋالغان ئەرلەرگە لەنەت قىلغان. شۇڭلاشقا، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشىۋېلىشى پەقەت ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى كېسىپ يۈرىشى ياكى ئەرلەرلا قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشقىلا قارىتىلغان بولماستىن، يەنە ئەرلەرنىڭ كىيىملىرىنى كىيىۋېلىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا، ئى قېرىنداشىم، ئاللاھ نىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇڭ، يىگانە يىتەكچى قۇرئان كەرىمگىلا ئەگىشىڭ! پەقەت سىزنىڭ كىيىنىشىڭىز يۇقارقى شەرتلەر بويىچە بولسىلا، سىزنىڭ ئەندىشە قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق.

ھىجاپنى بۈيۈك ئاللاھ ئاياللارغا، يەنى سىزگە ۋاجىپ قىلغان . ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

"ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر- ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋەئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى ئاللاھ غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ" (سۈرە ئەھزاب 36- ئايەت)

شۇ نەرسە ئايدىڭكى، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان ئاياللارنى نىجىس ئەرلەرنىڭ شەھۋانى ھەۋەسلىرىنىڭ ئولجىسىغا ئايلاندۇرۇپ ئۇلارنى تۆگىمەس دەرت- ئەلەمگە مۇپتىلا قىلىدىغان كىيىم- كېچەكلەرنى كىيىشتىن چەكلەپ، ئۇلارغا ھىجاپنى پەرز قىلدى. شۇڭلاشقا ھىجاپ سىلەر ئۈچۈن سىلەرنىڭ قەدىر- قىممەت، شەرىپىڭلارنى قوغدايدىغان قالقاندۇر. ئۇ سىلەرنى بۇ جەمئىيەتنىڭ كېسەللىكلىرىدىن ساقلاپ قالىدۇ. ھىجاپ يەنە پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئازدۇرۇلۇشتىن ساقلاپ، ماددى تۇرمۇشنىڭ مۇقىملىقىنى كاپالەتلەندۇرىدۇ.

خوش، يۇقۇرىدىكى ئايەتلەرنى ۋە بۇ ماقالىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سىز شۇنچە ئۇزۇندىن بېرى ئاللاھ غا ئىتائەتسىزلىك قىلىپ كەلگەنلىكىڭىزدىن ئۆزىڭىزنى ئازراق بولسىمۇ گۇناھكار ھېس قىلدىڭىزمۇ؟ شۇڭا يەنە نېمىنى ساقلايسىز؟ سىز ھەقىقى ئىسلامنى ھاياتىڭىزغا قايتۇرۇپ كېلىدىغان پەيت كەلدى دەپ قارىمامسىز؟ قولىڭىزدا ھەق دىن تۇرسا، نېمىشقا ئەشۇ كۇففارلارغا ئوخشاش يۇرىشنى ياقتۇرىسىز؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ كافىرلارنىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئويناۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرمەيۋاتامسىز؟ ئۇنداقتا يەنە نېمىنى ساقلايسىز؟ پەرۋەردىگارىڭىزغا قايتىڭ!ئاللاھ غا قايتىڭ! ئۆزىڭىزنىڭ شۇنچە ئۇزۇن يىلدىن بېرى گۇناھ ئىچىدە تېڭىرقاپ يۈرگەن كۈنلىرىڭىز ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مەغفىرەت تىلەڭ! ھىجابىڭىزنى كىيىۋېلىڭ!

ئەگەر بىر ئايال ھىجاپنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان تەلەپ ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى رەت قىلسا، ئۇ شەكسىز ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان بولىدۇ ۋە ئاللاھ نىڭ نەزىرىدە كەچۈرگىسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. ئەگەر ئاللاھ باشقىنى ئىرادە قىلمىغانلا بولسا، بۇ ئايال جەزمەنكى بۇ گۇناھى ئۈچۈن جازاغا تارتىلىدۇ.

سىز نېمە ئۈچۈن ئۆز بەدىنىڭىز ۋە گۈزەللىكىڭىزنى نامايەن قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى خۇشاللىققا ئېرىشمەكچى بولىسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟ سىز ئاللاھ تائالانىڭ سۈرە نۇرنىڭ 31- ئايىتىدە ئېيتقان سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئەگەر سىز بەدىنىڭىزنى ئاشكارىلىماقچى بولۇپ قالسىڭىز، ئۇنى نامەھرەملەرنىڭ ئالدىدا ئەمەس، پەقەت يولدىشىڭىزنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلىسىڭىز بولىدۇ.

سىز كىمدىن قورقىسىز؟ ئاللاھدىنمۇ ياكى ئىنسانلارنىڭ مەسخىرە قىلىشلىرىدىنمۇ؟ بەزى ئىنسانلارنىڭ سىزنى خوراپى كونىلىقنى تەشەببۇش قىلىدىغان دېگەنگە ئوخشاش سەپسەتىلىرىدىن قورقۇپلا ھىجاپلىنىشتىن نومۇس ھېس قىلىۋاتامسىز؟سىز پۈتۈن ئىززەت بىلەن خوساللىق بىلەن ھىجاپلىنىڭ. ئاللاھ سىزدىن نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە ئىتائەت قىلمىغانلىقىڭىزنى سورايدىغان چاغدا ئۇيالمامسىز؟ سىز ھىجاپنى پەقەتلا ئۆز ياراتقۇچىڭىزنى رازىلىقى ئۈچۈن كىيەلمەمسىز؟ سىز ھازىر ھىجاپلانمىدىڭىز، چۈنكى سىز كاپىرلارنىڭ سىز كەيگەن كىيىمنى مودىدىن قالغان دېيىشىدىن قورقىسىز. ياق سىڭىلچىقىم! ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا شۇنداق دېيىشىدۇ. ئاللاھ تائالا سىز ئۈچۈن جەننەتتە سىز تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئەڭ گۈزەل مودا كىيىملەرنى تەييارلىغانلىقىنى ئىسىڭىزدىن چىقارماسلىقىڭىز كېرەك. دەۋرىمىزدىكى ئەخلاقى قىممەتلەرنىڭ تۆۋەنلىشىپ كېتىشى -بىزگە ھىجاپلىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تېخىمۇ تونۇتتى. بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە ئىنسانلار شەھۋانى نەفسىگە قۇل بولغان، كىيىمگە ئورىنىۋالغان بۆرىلەرگە ئوخشايدۇ. جىنسى جىنايەتلەرنىڭ ئىزچىل كۆپىيىشى ۋە

جەمئىيەتتىكى "ئاياللار ئازادلىقى" دەۋرىگە ئەگىشىپ، ئاياللارنىڭ جىنسى پاراكەندىچىلىك ۋە باسقۇنچىلىقلارغا ئۇچراش خەۋپى بارغانسېرى چوڭ بولماقتا. قەدىرلىك سىڭىلچىقىم! ئاللاھ تائالا سىزنى ئەنە شۇ زىيانلاردىن قوغداش ئۈچۈن ھىجاپنى پەرز قىلدى. سىز مەكتەپكە، خىزمەتكە ياكى باشقا ھەر قانداق ئورۇنلارغا بېرىڭ، جەزمەن ھىجاپلىنىشىڭىز كېرەك. بۇ ئاللاھ نىڭ قانۇنى، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، قادىر ئاللاھ نىڭ قانۇنى سەھۋەن-خاتالىقلاردىن خالىدۇر. نۇرغۇن نادان كىشىلەر ھىجابىڭىزنى سىزنىڭ ئەقلىڭىزنى بوغۇپ، ھاياتىڭىزنى چەكلەپ قويىدىغان ھەرىكەتچان تۇرمىگە ئوخشىتىشى مۇمكىن. سىز نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇنداق يالغان-ياۋىداقلارنى سۆزلەپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ چۈنكى ئۇلار سىزنىڭمۇ گۇناھتا ئۇلارغا ئوخشاش بولۇشىڭىزنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. شۇڭا ئاگاھ بولۇڭ! ساددىلىقىڭىزدىن ئالدىنىپ ئاللاھنىڭ نېمىتىدىن ئايرىلىپ قالماڭ! ئى مۇسۇلمان سىڭىلچىقىم، ئويغىنىڭ!ئىسلام دىنى سىز بىلەم پەخىرلىنىدۇ. سىز دىنىمىزنىڭ ئىپپىتى، مىللەت، ۋەتىنىنىڭ ئىززىتى ۋە پەخرى. سىڭىلچىقىم!سىزنىڭ بۈگۈنكىدەك ھالدا قىلىشىڭىزغا مەلۇم سەۋەپلەر ئاساسلىق ئامىلدۇر؛ ئەمما سىز بىر مىللەتنىڭ ئانىسى كىلىچەك ئەۋلاتلارنى تەربىيەلەيدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتىغا ئاساس سالىدىغان بۈيۈك بىر ئىنسانسىز.سىز ئۆزىڭىزنىڭ قىممىتىڭىزنى نامايەن قىلىشىڭىز كېرەك ۋە تاۋلىنىشىڭىز لازىم.

نېمە ئۈچۈن جىنسى پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ھەممىگە قادىر ئاللاھ نىڭ قانۇنىنى قوبۇل قىلمايدىغان ئاياللارنىڭ سەۋەبىدىن، ئىسلامنى باشقا نەرسىلەر بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا تەييار تۇرىدىغان ئاياللارنىڭ سەۋەبىدىن، ھەقنى ئىنكار قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان ئاياللارنىڭ سەۋەبىدىن شۇنداق بولدى. قەدىرلىك قېرىندىشىم! بىز سىزنىڭ ئىسلامنى جەمئىيەتكە ماسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمىز. بىز يەنە سىزنىڭ بىزلەرگە ئوخشاش كۆڭلەرنىڭ بىرىدە جەننەتكە كىرىشنى ئارزۇ

قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمىز. بىز سىزنىڭ دىلىڭىزدا ئىمان بارلىقىنى بىلىمىز. شۇڭلاشقا ئى قېرىندىشىم، ئاللاھ نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن، جەننەتكە كىرىشىڭىز ئۈچۈن، ئۆزىڭىز بىلەن كافىرلارنى پەرىقلەندۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھقا سەمىمى تەۋبە قىلىڭ! ياراتقۇچىڭىزغا ئىتائەتسىزلىك قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭ! ئاللاھ نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلغان ئورۇنغا- يەنى جەننەتكە كىرىشىڭىز ئۈچۈن بۇگۈنلا ھىجابىڭىزنى كىيىش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ ھۆر ئاللاھنى تونۇيدىغان بىر ئايال ئىكەنلىكىڭىزنى نامايەن قىلىڭ.

ئۆلۈمدىن كېيىن بارىدىغان جاي پەقەت ئىككىلا قارارگاھتۇر: بىرى جەننەت، يەنە بىرى دەۋزەخ. قەدىرلىك سىڭىلچىقىم! سىز ئاچا يولغا كەلدىڭىز. ئەمدى سىزنىڭ نىشانىڭىزنى بەلگىلەيدىغان پەيت يېتىپ كەلدى.ئالدىڭىزدا يەنىلا چېقىش يولى كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ، ئويلىنىڭ، شەيتاننىڭ سىزنى بۇ قارارنى چىقىرىشىڭىزدىن توسۇپ قويۇشىدىن ئېھتىيات قىلىڭ! شەيتان سىزنى كور قىلىپ قويمىسۇن! بىز سىزنىڭ توغرا قارار چىقىرىشىڭىزغا ئاللاھ نىڭ ياردەم بېرىشىنى تىلەيمىز. ئاللاھ پۈتۈن ئۈيغۇر دىيارىدىكى سىڭىللىرىمىزنى توغرا يولغا يىتەكلەپ ئۆز ھىدايىتىگە مۇيەسسەر قىلىش بىلەن بىرگە، ھاياتتا غايە ۋە ئىرادە بىلەن ياشايدىغان، جەمىيەتتىكى ئازغۇنلۇقلارغا تىز پۈكمەس ئانىلاردىن بولۇپ چېقىشىنى ئۈلۈغ ئاللاھتىن سورايمىز .ئامىن!!!

ماقالىنى قايتا رەتلىگۈچى: ن .تەمكىنى